# 145986 ـ شىركەت ھەر يىلى روجىستىۋۇ بايرىمىدا كەچلىك زىياپەت ئورۇنلاشتۇرىدۇ

## سۇئال

مەن مالايشىيادا قۇرۇلغان ئامېرىكا شىركىتىدە خىزمەت قىلىمەن، ئۇلار ھەر يىلى يېڭى يىل ھارپىسىدا كەچلىك زىياپەت ئورۇنلاشتۇرۇپ بۇنى روجىستۇۋۇ ھارپىسى زىياپىتى دەپ ئاتايدۇ. گەرچە شۇنداق ئاتىسىمۇ ئەمما بۇ زىياپەتتە ئۆزـئارا ھەدىيە، سوۋغا ئالماشتۇرىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا بايرامغا ئالاقىدار ھېچقانداق پائالىيەت ئېلىپ بېرىلمايدۇ. مۇشۇ زىياپەتكە قاتناشسام توغرا بولامدۇ؟. ئەگەر شىركەت مېنى بۇ زىياپەتنى ئورۇنلاشتۇرىدىغان ئەزالارنىڭ قاتارىدا تاللىغان بولسا قانداق قىلىشىم كېرەك؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئالللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا،ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابى كىراملارغا ئالللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

مۇسۇلمان ئۈچۈن قايسى شەكىلدە بولسۇن كاپىرلارنىڭ بايراملىرىغا قاتنىششى توغرا بولمايدۇ، بۇنداق قىلىش چوڭ گۇناھلاردىن ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى مۇسۇلماننىڭ بۇ تۈردىكى بايراملارغا قاتنىششى ئۇلارنىڭ ئالللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرىشىنى كۈچەيتىدۇ، ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ قىلمىشىغا رازى بولغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلماننىڭ بۇنداق بايراملاردا كاپىرلارنى تەبرىكلەپ ۋە ئۇلارغا ھەدىيە ـ سوۋغا تەقدىم قىلىشى توغرا بولمايدۇ. 947ـ نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىدا بۇ مەسىلە تەپسىلى بايان قىلىنغان.

يۇقىرىقى سوئالدا تىلغا ئېلىنغان يىللىق زىياپەتنى ئوونلاشتۇرغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ دىنى بايرىمىنىڭ ئاتىلىشى بويىچە"روجىستىۋۇ" (كىرىسمىس) بايرىمى دەپ ئاتىغان. بۇ پائالىيەتنىڭ داۋاملىشىش ۋاقتى پەقەت بىر كۈن ئەمەس، بەلكى بىرقانچە كۈن داۋاملىشىدۇ. يەنى 24ـدېكابىردا باشلىنىپ 6ـيانۋارغىچە 13 كۈن داۋاملىشىدۇ.

خىرىستىئانلارنىڭ قارىشىدا بۇ كۈندە ئېلىپ بېرىلىدىغان دىنى پائالىيەتلەردىن: كەچلىك تائام يېيىش: بۇ يېڭى يىل كەچلىك زىياپىتى دەپ ئاتىلىنىدۇ، ھەدىيە ـ سوۋغات ئالماشتۇرۇش، بۇ يۇقىرىدا سوئالدا بايان قىلىنغان ئۇلارنىڭ مۇشۇ بايرامدا قىلىدىغان ئىشلىرىدىن بىرى، بۇ ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئۇلار ئادەتلەنگەن دىنى بايرام ياكى دىنغا ئالاقىدار بولغان بايرام ھېسابلىنىدۇ، مۇسۇلماننىڭ بۇنداق بايراملارغا قاتنىششى ياكى بايرامغا قاتناشقانلارنى تەبرىكلىشى توغرا بولمايدۇ.

شىركەتتىكى خىزمەتچىلەرنىڭ ھەممىسى ئادەتتە بۇ زىياپەتكە قاتنىشىدىغان بولسا ياكى بىۋاستە بۇ زىياپەتكە چاقىرىلغان بولسا،

مۇمكىن بولىدىغان ئۆزۈر ۋە ئامال-چارىلارنى قىلىپ قاتناشماسلىق كېرەك. چوڭ شىركەتلەر ئادەتتە شىركەت خادىملىرىنىڭ دىنى تۈيغۇلىرىنى ھۆرمەت قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن دىنى تەرەپتىن ئۆزۈر بايان قىلىنغاندا بەلكىم شىركەت خىزمەتچىلەرنىڭ دىنى تۈيغۇلىرىنى ئېھتىرام قىلىپ، زىياپەتلەرگە قاتناشتۇرۇلماسلىقى مۇمكىن.

يەنىمۇ تەپسىلى مەلۇمات ھاسىل قىلىش ئۈچۈن 127500- 85108 - نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن.
ئاللاھ تائالا سىزنى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ئىشلارنى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلسۇن.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.